## 5261 ـ ھەج قىلىشقا قادىر بولۇش دېگەن نېمە؟

### سوئال

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن نېمە مەقسەت قىلىنىدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ھەج قىلىشقا قادىر بولۇشتىن: سالامەتلىكىنىڭ ياخشى بولىشى، ھەرەمگە بېرىپ ـ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەر تۈرلۈك قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ كىراسى، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ جاي قاتارلىقلارغا يەتكۈدەك ئىقتىسادىنىڭ بولىشى ۋە ئائىلىسىدە قالغان كىشىلەرنىڭمۇ قىينىلىپ قالماسلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ.

ئەگەر ئايال كىشى بولسا ئېرى ياكى باشقا مەھرەملىرى بىلەن بىرگە چىقىشى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.